# مۇزدەك كۆل سۈيىدە، ئۇ ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشتەك ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەھۋال ناھايىتى جىددىي ئىدى! لاچىن بايەكە قىلچە ئىككىلەنمەي، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بىرىنچى بولۇپ مۇز ئۈستىگە چىقتى.

«شۇ چاغدا، بىز باشقا ئىشلارنى ئويلىماي، بىرىنچى ۋاقىتتا بالىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىلا ئويلىدۇق» دېدى مۇساجان نۇردۇن ئەسلەپ.

لاچىن بايەكەگە ئەگىشىپ مۇساجان نۇردۇنمۇ كۆل تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

«قاراس ـ قۇرۇس!» يېتىپ باراي دېگەندە مۇساجان نۇردۇن مۇزنىڭ يېرىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدى. ئۇ يېقىن بارغاندا لاچىن بايەكەنىڭ مۇزدەك سۇغا چۈشۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بالىنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ توختىماي «بالىنى قۇتقۇزغىن!» دەۋاتاتتى.

مۇساجان نۇردۇن دەرھال پەلتوسىنى سالدى ھەم قۇتقۇزۇشقا چاقىرغان بالىنىڭ ئانىسىنىڭ شارپىسىنى ئېلىپ، شارپىنى پەلتوغا باغلاپ سۇغا تاشلىدى. «شۇ چاغدا لاچىن تۇتۇۋالسا ئۇلارنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىشنى ئۈمىد قىلغانىدىم، ئويلىمىغان يەردىن ئازراق كۈچىسەملا، ئايىغىم ئاستىدىكى مۇز يېرىلىپ كەتتى.» مۇساجان نۇردۇن مۇنداق دېدى: «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن شۇ دەقىقىدە، مەن بىر دەمدىلا توڭلاپ قېتىپ قالدىم، لاچىن قانداق قىلىپ شۇنچە ئۇزاق بەرداشلىق بەرگەندۇ.» ئاشۇ يىلكىتىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇقنى قايتا ئەسلىگىنىدە مۇساجان نۇردۇن ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

## بالىنى تاكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە كۆتۈرۈپ تۇرۇش

ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، لاچىن بايەكەنىڭ كۈچى خوراپ كېتىۋاتاتتى، بىر لەيلەپ بىر چۆكۈپ، بالىنى ئىزچىل ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنى سۇغا چۆكتۈرۈپ قويمىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قانچىلىك مۇزدەك سۇ ئىچىۋالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

كۆل بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال 110 ساقچىغا مەلۇم قىلىش تېلېفون نومۇرىغا تېلېفون قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. ناھايىتى تېزلا، چارلاۋاتقان ياردەمچى ساقچى ۋاڭ چيېبىڭ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى.

«تېز بېرىپ قۇتقۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار!» خىزمەتداشلىرىغا تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ چيېبىڭ ئۆزى مۇز ئۈستىگە چىقتى. ئايىغى ئاستىدا مۇزنىڭ قاراسلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ۋاڭ چيېبىڭ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ مۇز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ تۇرۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن كاچكۇلغا ئېڭىشتى.

«تېز، قولىمىزنى تۇتۇۋېلىڭ!» ۋاڭ چيېبىڭ بىلەن بالىنىڭ ئانىسى بىللە كۈچەپ، ئۇلارغا ئەڭ يېقىن بولغان مۇساجان نۇردۇننى ئاستا ـ ئاستا تارتىپ چىقاردى.

ئويلىمىغان يەردىن، قىسقىغىنا ئون نەچچە سېكۇنت ئىچىدە، كۈتۈلمىگەن ئىش يەنە يۈز بەردى — بالىنىڭ ئانىسى ئايلىنىپ بېرىپ بالا بىلەن لاچىن بايەكەگە يېقىن مۇز ئۈستىگە بېرىپ قۇتقۇزماقچى بولغاندا، ئۆزىمۇ سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

«ھەممىڭلار مۇز ئۈستىدە دۈم يېتىڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار!» بۇ ۋاقىتتا، قەشقەر داشۆ ئارقا سەپ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ ئاشخانا باشقۇرغۇچىسى ۋاڭ شىنيۇڭ يېتىپ كېلىپ، بىر تەرەپتىن مۇز ئۈستىدە ئۆمىلەپ، بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە ۋارقىرىدى.

ئۇ بارا ـ بارا بالىغا يېقىن مۇز ئۈستىگە ئۆمىلەپ بېرىپ، لاچىن بايەكەنىڭ بالىنى باشتىن ـ ئاخىر كۈچەپ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. «بالىنى قۇتقۇزۇڭلار، ئاۋۋال بالىنى قۇتقۇزۇڭلار.» لاچىن بايەكەنىڭ نەپىسى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككى بىلىكى ھەيكەلدەك مەزمۇت تۇراتتى.

ۋاڭ شىنيۇڭ بىلەن ۋاڭ چيېبىڭ لاچىن بايەكەنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى، بالا ئاخىر قۇتقۇزۇۋېلىندى، ھالىدىن كەتكەن لاچىن بايەكە سۇغا چۆكۈپ كەتتى.

«قۇتقۇزۇش بالونى، قۇتقۇزۇش كېيىمى ۋە ئارغامچا، تېز!» قەشقەر داشۆ ساقچىخانىسىنىڭ ياردەمچى ساقچىلىرى نۇرئەلى تۇرغۇن بىلەن مۇختەر ئوبۇل قۇتقۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ئارغامچىنى بېدىنىگە باغلاپ، سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، بالىنىڭ ئانىسىنى قۇچاقلىۋالدى، يەنە بىرەيلەن كۈچىنىڭ بارىچە ئارغامچىنى تارتىپ، بالىنىڭ ئانىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزۇپ چىقتى.

«بىز يېتىپ بارغاندا لاچىننى كۆرگىلى بولمىدى» دېدى مۇختەر ئوبۇل كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا. كۆپچىلىك سۇغا چۈشۈپ ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى تاپتى...

## «چوقۇم ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، مانا بۇ مېنىڭ دادام»

«مەن قەشقەر داشۆگە كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو تىلى شۆبىۋەندىكى لىۋ مۇئەللىم، ما مۇئەللىم، ياڭ مۇئەللىم ۋە ماركسىزم شۆبىۋەندىكى جيا مۇئەللىم بىلەن تونۇشتۇم. بۇ يەردە ئاڭلاش دەرسى، ئوقۇش دەرسى ۋە ئېغىز تىلى دەرسى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنىڭ دۆلەت ئورتاق تىلى سەۋىيەمنى ئۆستۈردۈم...»

بۇ، لاچىن بايەكە قولىدا يازغان «قەشقەر داشۆدىكى بىر ئايدىن بۇيانقى ئۆگىنىش، تۇرمۇش تەسراتلىرىم»دىكى بىر ئابزاس سۆز بولۇپ، مەزمۇنى خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئاددىي، سەممىي ئىدى.

ئۇزاقتىن بۇيان، لاچىن بايەكەنىڭ كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ھېكايىسى — «بىر تۇياق قوتاز، ئۈچ ئەۋلاد چېگرا قوغدىغۇچى» بولۇپ، بوۋىسىدىن تارتىپ دادىسىغىچە، ئاندىن ئۇنىڭغىچە، ئۈچ ئەۋلادنىڭ ھەممىسى مۇنەۋۋەر چېگرا قوغدىغۇچىسى ئىدى، ئۇلار كۈچ ئۇلاپ پامىر ئېگىزلىكىدە چېگرا رايونىنى قوغداپ كەلگەن.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەتلىك ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىسى... مۇشۇ يىللاردا، سالاھىيىتى كۆپەيدى، لاچىن بايەكەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ئەزەلدىن ئۆزگەرمىدى. 2004 ـ يىلى پارتىيەگە كىرگەندىن بۇيان، مەيلى قارلىق تاغ، چوڭقۇر جىلغىلاردا چارلاش، چېگرانى قوغداشتا بولسۇن، ياكى خەلق سارىيىدا خەلق ئۈچۈن تەكلىپ بەرگەندە بولسۇن، لاچىن بايەكە ئىزچىل ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

«بىلىم سەۋىيەم يەتمىسە، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولۇمنى قانداق جارى قىلدۇرالايمەن؟ پىشقان تەكلىپ لايىھەسىنى قانداق ئوتتۇرىغا قويالايمەن؟ قانداق قىلىپ كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى كۈن ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلىيەلەيمەن؟» بۇ، لاچىن بايەكە دائىم ئۆزىگە قويىدىغان بىرنەچچە سوئال.

بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ ئاي ئىلگىرى، لاچىن بايەكە قەشقەر داشۆگە تەربىيەلىنىشكە كېلىپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى نۇقتىلىق ئۆگەندى. لاچىن بايەكە خەت مەشق دەپتىرىگە خەتلەرنى بىر سىزىق ـ بىر سىزىقتىن ناھايىتى ئەستايىدىل يازغانىدى. ئاندا ـ ساندا خاتالىق كۆرۈلگەن جايلارنى مۇئەللىم ئۆزگەرتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ قايتا ـ قايتىلاپ مەشق قىلاتتى.

«ئۇ ياخشى ئوقۇغۇچى، گەرچە ئىچ مىجەز بولۇپ گېپى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن جاپاغا چىدايتتى، ناھايىتى تىرىشچان، ناھايىتى ئەستايىدىل ئىدى.» قەشقەر داشۆ جۇڭگو تىلى شۆبىۋەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لىۋ جۇخۇڭ ئېچىنغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۇ دائىم مەن تېخى ياش، كېيىنكى يولۇم تېخى ئۇزاق، شۇڭا ھەر جەھەتتىن سەۋىيەمنى ئۆستۈرسەم، چېگرانى تېخىمۇ ياخشى چارلاش، تېخىمۇ ياخشى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشالايمەن دەيتتى، يەنە ئۆز پەرزەنتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيەلەشنى ئۈمىد قىلاتتى... مۇشۇنداق بىر ياخشى ئوقۇغۇچىمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمدىن مەن بەكلا ئېچىندىم».

ھاياتى ئارقىلىق بۇرچقا ئاتالاندى، سەممىي مۇھەببىتى ئارقىلىق ئاۋامنى قوغدىدى. لاچىن بايەكەنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە، كىشىلەرنى بەكلا تەسىرلەندۈردى ۋە چەكسىز سېغىندۇردى.

«مەيلى قاچان، قەيەردە بولسۇن، مۇشۇنداق ئىشقا يولۇقسىلا، چوقۇم ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، مانا بۇ مېنىڭ دادام.» مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، لاچىن بايەكەنىڭ 13 ياشلىق قىزى دۇرخان لاچىن بوۋىسى، موماسىغا ئۆزىنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ياش تۆكمەسلىككە شۇنچە تىرىشسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى توختاپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە، قەھرىمان ئاتىسى ئەسلا كېتىپ قالمىدى، بەلكى كۆكتىكى ئەڭ يارقىن يۇلتۇزغا ئايلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى قوغداۋاتىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى ئۇ چىڭ تۇرىدىغان ئېتىقاد بەلگىلەيدۇ. لاچىن بايەكەنىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. 2011 ـ يىلى قىشتىلا، ئۇ جەڭچىلەر بىلەن چارلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز شىددەتلىك قارغا دۇچ كەلگەن، بىر جەڭچى ئېھتىياتسىزلىقتىن قار ئۆڭكۈرىگە چۈشۈپ كەتكەن، لاچىن بايەكە كىيىمنى سېلىپ چىگىپ، ئارغامچا ياساپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇپ، ياش جەڭچىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان، ئەمما ئۇ ئۆزى توڭلاپ ھوشىدىن كەتكەن، دوختۇرخانىدا ئۈچ سائەت جىددىي قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ھاياتى ساقلاپ قېلىنغان. «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش» لاچىن بايەكەنىڭ قەلبىدە بىر جۈملە شوئارلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل مۇستەھكەم غايە ـ ئېتىقاد ۋە قىممەت ئىنتىلىشى. ئۇ مەيلى قارلىق تاغ، چوڭقۇر جىلغىلاردا چارلاش، چېگرانى قوغداشتا بولسۇن ياكى خەلق سارىيىدا خەلق ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسەتكەندە بولسۇن، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى تىكلىدى. بۇ ئوبراز پارتىيەنىڭ غېمىنى يەيدىغان، دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان ئوبراز، ئادەتتىكى ۋاقىتتا كۆرگىلى بولىدىغان، ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان، خەتەرلىك پەيتتە پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان ئوبراز. دەل شۇنداق بولغاچقا، ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغان بالا مۇزلۇق كۆلدە جان تالىشىۋاتقاندا، لاچىن بايەكە يەنە بىر قېتىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇپ، ھاياتلىق نۇرىنى گۈدەك بالىغا قالدۇردى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى، ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىگە مەڭگۈ ئويۇلدى.

لاچىن بايەكەنىڭ جىسمىدىن بىز يەنە نۇرغۇن نۇر چېچىپ تۇرغان ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى كۆرەلەيمىز. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ ئىشىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى يەنە باشقا يولداشلار بىلەن بۇ يىلقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا قانداق قىلغاندا خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشكەنىدى؛ ئۇ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئۇنىڭ قەلبىدە چېگرا مۇداپىئە بىخەتەرلىكىنى قوغداش چارۋىچىلارنىڭ بۇرچى، پامىر ئېگىزلىكى چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىدىكى ھەربىر چېگرا تېشى، ھەربىر دەريا ئېقىنى، ھەربىر تاغ جىلغىسىدا قالدۇرغان چوڭقۇر ئىزلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سادىق، مەسئۇلىيەتچان ئېسىل پەزىلىتىگە گۇۋاھ بولالايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن «ۋەتەننىڭ چېگرا لىنىيەسىنى مەڭگۈ ياخشى ساقلاش»تىن ئىبارەت تەنتەنىلىك ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ ئۇ يەنە مەملىكەتلىك ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلاندى، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى بىلەن بىللە چارلىدى، ئۇ دائىم ھايات ـ ماماتتىغا قارىماي ئەڭ ئالدىدا ماڭدى... لاچىن بايەكەنىڭ قىسقا، ئەمما شانلىق ھاياتىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە، ئۇلۇغ ۋەتەنگە، سۆيۈملۈك يۇرتىغا، خەلق ئاممىسىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر، ئوتتەك ھېسسىياتى بىلەن بىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ قىممەت ئاساسىي رېڭگىنى روشەنلەشتۈردى.

كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى خەلقنى كۆڭلىگە پۈككەن، ئائىلە دۆلەتنى زىممىسىگە ئالغان ئېتىقادچىلار توپىدۇر. پارتىيەمىزنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرىنى، 100 يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلىسەك، سانسىزلىغان كوممۇنىستلار ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ۋەتەننى، مىللەتنى قۇتقۇزۇش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بېيىتىش ئۈچۈن مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدىغان تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ئۈچۈنلا، جۇڭخۇا مىللىتى ئاندىن قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ چېكى يوق» «ئىنقىلابچىلار قىيىنچىلىق ئالدىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىشى كېرەك» «ھەق بىلەن ھېسابلاشماسلىق، ھايات ـ ماماتلىق بىلەن ھېسابلاشماسلىق كېرەك»... بىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى ئاچقۇچلۇق پەيتتە، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنى ئەڭ يۇقىرى ئىنتىلىش قىلىپ، پارتىيەنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتتى. ئاق كۆڭۈل، ئاددىي ـ ساددا، باتۇر لاچىن بايەكە دەل مۇشۇ خەزىنىدە نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرغان گۆھەرلەرنىڭ بىرى.

«گەرچە كىچىك بولسىمۇ ئېقىن، بېپايان دېڭىزغا قۇيۇلار لېكىن». بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، 100 يىللىق چوڭ پارتىيەمىزنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئارزۇسىنى ئۈزلۈكسىز يېزىش قەتئىي غايە ـ ئېتىقاد تىرىكگە ئىگە مىليونلىغان كوممۇنىستلارنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. لاچىن بايەكە بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى، ئەمما چەكسىز پامىر ئېگىزلىكىدىكى بۇ ئۆچمەس ئابىدە تېخىمۇ كۆپ كوممۇنىستنى ئاساسىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، كۈچەپ ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش ۋە چوڭقۇرلىتىش، قەلبلەرگە سىڭىش، پۇختا بولۇشقا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ «مۇھىم بازا، مۇھىم سۇپا، مۇھىم يول»لۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆگىنىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش ـ مۇھاكىمە قىلىشنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي ئۆگىنىش، ھەقىقىي چۈشىنىش، ھەقىقىي ئىشىنىش، ھەقىقىي ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: 2021 ـ يىلى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلىدىغان، ئومۇمyۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىدىغان بىرىنچى يىل، شۇنداقلا پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى مۇكەممەل، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يەنىمۇ كۈچەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا قەتئىي تەۋرەنمەي كۈچ قوشۇپ، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق قۇرۇلۇشقا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، «ئىككى قوشۇن» قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدا يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىش، يېڭى سەھىپە يارىتىش كېرەك.